3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى

تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

«قاتتىق» بولۇش ئاساسىي رىتىمدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشقا تۆرتكە بولۇپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، سىياسىي مەسئۇلىيەت ۋە سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىياسىي نازارەتچىلىك ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۆزىتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى تۈرلۈك تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم-كوتىسىز، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئىجادىي ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۇلار ئۆز ئىچىگە ئالغان مەيدان، قاراش، ئۇسۇللارنى ئىگىلەپ، قانۇنىيەتلىك تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ھەقىقەت كۈچى، ئەمەلىيەت كۈچى، يېڭىلىق يارىتىش كۈچى ئېلىش كېرەك. كۆزىتىش تەلىپىنى ئىگىلەپ، دىققەتنى پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى، باش شۇجىنىڭ مۇھىم يوليورۇق ـ تەلەپلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، دىققەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، مەسىلىلەرنى دەل جايىدا تېپىپ چىقىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا سىياسىي جەھەتتىن تۆرتكە بولۇپ، كۆزىتىش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك. تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۆزىتىشكە ئاساسەن تۈزىتىشنى كەسكىن سىياسىي ۋەزىپە، مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيەت قىلىپ، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە نەتىجىلەرنى قوللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيەگە سادىق بولۇش، خەلققە مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن كۆزىتىشتىكى «ئالدىنقى باسقۇچتىكى ئىشلار» ۋە «كېيىنكى باسقۇچتىكى ئىشلار»نى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، ھەقىقىي تۈردە رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئورۇننى توغرا بېكىتىپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، نەتىجىلەردىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئاساسنى پۇختىلاپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈزۈم قۇرۇلۇشى، قوشۇن قۇرۇلۇشى، تەربىيەلەش ـ يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىستېمىلىق تۇپلاشقان، ماس، يۇقىرى ئۈنۈملۈك نازارەتچىلىك سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۆرتكە بولۇپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كۆزىتىشنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قاپلىشىنى يۇقىرى سۈپەتتە ئالغا سىلجىتىش ئارقىلىق، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، لى ۋېي، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۇنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى گۆش بازارلىرىدىكى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجغا كاپالەتلىك قىلىندى.

قوش بايرام مەزگىلىدە، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى شەھەر مەركەزلىرى، يۇقىرى سۈرئەتلىك يول، دۆلەت، ئۆلكە يولى، ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىنىڭ بېكەت ـ نۇقتىلىرىدا ئۇزۇن ئۆچرەت تۇرۇش ۋە مال ئۈزۈكسۈپ قېلىش، مال بىلەن تەمىنلەش ئۈزۈلۈپ قېلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمىدى، نۇقتىلىق كۆزىتىپ ئۆلچىگەن تەييار ماي تىجارىتى كارخانىلىرى 229 مىڭ 300 توننا تەييار ماي ساتقان بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 41.07% ئاشتى.

بايرام مەزگىلىدە، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرى شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، كۆپ تۈرلۈك، كۆپ قاتلاملىق ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى، ھەرقايسى چوڭ سودا سارايلار، تالالا بازارلىرى، مەخسۇس سېتىش دۇكانلىرى زور كۈچ بىلەن بايراملىق كەيپىيات يارىتىپ، شەكلى كۆپ خىل، مول مەزمۇنلۇق سېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش پائالىيەتلىرىنى پائال قانات يايدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى جايلار مال سېتىۋېلىش، مەززىلىك تائاملار، ساياھەت، مەدەنىيەت باش تېما قىلىنغان كۆرگەزمە قىلىپ سېتىش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال يوشۇرۇن كۈچىنى قوزغاپ بېرىشكە تۆرتكە بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر جاڭ شونىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بازار تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، بازار تەمىناتى ۋە ئوبوروت ساھەسىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى نۇقتىلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، سودا ئوبوروت كارخانىلىرىنى سۈپىتى ياخشى، باھاسى ئەرزان تاۋارلارنى تەشكىللەپ مەركەزلىك بازارغا سېلىشقا يېتەكلەپ، ئاممىنىڭ بايراملىق ئىستېمال ئېھتىياجىنى قاندۇرغان.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

توقسۇ ناھىيەسى 3 ـ نۆۋەتلىك يېزا ـ كەنت مەدەنىيەت ـ ساياھەت بايرىمى ۋە قۇملۇق گۈللىرلىقى تەنھەرىكەت ماھارەت مۇسابىقىسى قاتارلىق يۈرۈشلۈك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزدى. 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، يوپۇرغا ناھىيەسى تۆگىگە مىنىپ ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

ھەرقايسى جايلاردىكى مەنزىرە رايونلىرى يەنە نۇرغۇن ئېتىبار تەدبىرلىرىنى يولغا قويدى. ئاقسۇ ۋىلايىتى دوختۇر ـ سېستىرالار، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىلىرىغا قارىتا ئىشىك بېلىتىنى پۈتۈن يىللىق كەچۈرۈم قىلدى، دۈشەنبىدىن جۈمەگىچە مەنزىرە رايونى(نۇقتا)لىرىنىڭ ئىشىك بېلىتىنى يېرىم باھاغا چۈشۈردى. قومۇل شەھىرى ئۆز جايىنىڭ ساياھەت بازىرىغا قارىتا، يۈرۈشلۈك ئېسىل لىنىيەلەرنى ئاچتى ھەمدە مەنزىرە رايونىنىڭ ئىشىك بېلىتى، مېھمانسارايلارنىڭ ياتاق باھاسىنى چۈشۈرۈش قاتارلىق ئېتىبار پائالىيەتلىرىنى يولغا قويدى.

ھەرقايسى جايلارنىڭ مول مەزمۇنلۇق، كۆپ خىل مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىدە، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاساسىي مېلودىيەسى دۆلەت بايرىمىلىق، جۇڭچيۇلۇق دەم ئېلىش كۈنلىرىدىكى ساياھەت بازىرىدا يېتەكچى ئورۇندا تۇردى. دەم ئېلىش مەزگىلىدە، ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەپ ساياھەت قىلىش نۇرغۇن ساياھەتچىنىڭ ئالدىن تاللىشى بولۇپ قالدى، ئېكولوگىيە سەيلە ـ ساياھىتى كىشىلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشتى. بۈگۈر، پوسكام، مورى قاتارلىق جايلار يولغا قويغان ئالتۇن كۈزدە توغراقلىقتا ئۇچرىشىش ساياھەت پائالىيەتلىرى شىنجاڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى زور بىر تۈركۈم ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق تونۇشتۇردى: مەنزىرە رايونلىرى ئېتىبار بېرىش، يۇقىرى سۈرئەتلىك يول ھەققىنى كەچۈرۈم قىلىش، مەدەنىيەت بىلەن ساياھەتنى يۇغۇرۇش، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش قاتارلىق كۆپ تەرەپتىكى ئامىللارنىڭ تەسىرىدە، دۆلەت بايرىمى، جۇڭچيۇ مەزگىلىدە ساياھەتچىلەرنىڭ شىنجاڭ ساياھىتىدىن رازى بولۇش دەرىجىسى مۇقىم ئاشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئالاتاۋ ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى پې لۇپىڭ قۇرۇلۇش ئورنىنىڭ ئالدىدىكى ئىسخېمىنى مۇخبىرغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «ھازىر قۇرۇلۇۋاتقىنى ئۆلچەملىك رېلىسلىق گۇرۇپپىلاش ۋوگزالى، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن گۇرۇپپىلاش ۋوگزالىدا ئالتە رېلىس بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز كېلەر يىلى يەنە بىر كەڭ رېلىسلىق گۇرۇپپىلاش ۋوگزالى قۇرۇپ، ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ باجدىن خالىي رايون ئىچىدىكى تۆمۈريول مەخسۇس لىنىيەلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈپ ئۆزگەرتىشنى تاماملاشنى پىلانلىدۇق».

نۆۋەتتە، ئالاتاۋ ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايوندا 22 تۆمۈريول مەخسۇس لىنىيەسى بار. لېكىن ئۇل ئەسلىھەلەر مۇكەممەل بولماسلىق، يۈرۈشلەشمەسلىك قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىدە، تېخى پۈتۈن پويىزنى بىۋاسىتە توشۇتقۇزۇش ئىقتىدارىنى ھازىرلىمىغان بولغاچقا، قۇرۇق پويىزنىڭ يېتىپ بېرىشى ۋە يۈك بېسىلغان پويىزنىڭ يولغا چىقىشىنىڭ ھەممىسىدە ئالاتاۋ ۋوگزالىنى ئايلىنىپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى، بۇ، ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايون ئەشيا ئوبوروتى كەسپىنىڭ توشۇش ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزگەنىدى. بۇ بوغما ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن، ئالاتاۋ باجدىن خالىي رايوننىڭ تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ئۇل ئەسلىھەلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش (گۇرۇپپىلاش ۋوگزالى) قۇرۇلۇشى تۈرىنى قوزغاتتى، قۇرۇلۇش تولۇق پۈتكەندىن كېيىن، ئالاتاۋ تۆمۈريولىنىڭ تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈپ توشۇش ئىقتىدارى ھازىرقى 25 مىليون توننىدىن ئېشىپ 45 مىليون توننىغا يېتىدۇ، باجدىن خالىي رايون تۆمۈريول ۋوگزالىنىڭ ئەشيا ئوبوروت ئۈنۈم ئىقتىدارى ئومۇمىيۈزلۈك قويۇپ بېرىلىدۇ.

ئالاتاۋ ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايونى چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سۇپىسىنىڭ چوڭ سانلىق مەلۇمات سۇپىسىدىكى قىزىل رەڭلىك ترانسپورت لىنىيەسى سانلىق مەلۇماتلىرى جۇڭگودا ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ ھەرقايسى جايلاردىن ئالاتاۋ پورتىغا توشۇلۇۋاتقانلىقى ھەم بۇ يەردىن ياۋروپاغا توشۇلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ئالاتاۋ پورتى چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پارچە سېتىش كەسپىنى ئاچتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىددەتلىك ئېشىشنى كۆتۈۋالدى. 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگە قەدەر، ئالاتاۋ پورتىدىن ئېكسپورت قىلىنغان چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا پوسۇلكىسى 28 مىليون 684 مىڭ 200 دانە، سودا سوممىسى 91 مىليون 83 مىڭ 700 دوللار بولۇپ، كەسىپ كۆلىمى مەملىكەت بويىچە ئالتىنچى ئورۇنغا، غەربىي شىمال بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى.

ئالاتاۋ شەھىرى جىنشاخې ئۈنچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە، خىزمەت كىيىمى كىيىۋالغان لىيۇ جيەنلياڭ ئۇن تارتىش ماشىنىسىنىڭ تەكشى ماتېرىيال تاختىسىغا يىغىلىپ قالغان ئۇننى چاققانلىق بىلەن تازىلاپ، ئۈسكۈنىنىڭ نورمال ئايلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىۋاتاتتى. ئۇن تارتىش سېخىدىكى ئۇن تارتىش ئىشچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ بىر ئادەم سېختىكى 47 ئۇن تارتىش ماشىنىسىنىڭ نورمال ئايلىنىشىغا مەسئۇل ئىدى.

«بۇ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى پۈتۈنلەي ئاپتوماتلاشقان، نۆۋەتتە، سېختا كۈنىگە 750 توننا بۇغداي بىر تەرەپ قىلىنىدۇ» دېدى لىيۇ جيەنلياڭ. تارتىلغان ئۇن تۇرۇبا يولى ئارقىلىق ئاپتوماتىك كەسمە چۆپ پىششىقلاش سېخىغا يەتكۈزۈلىدۇ، ئۇن تارتىشتىن كەسمە چۆپ قىلىپ پىششىقلاشقىچە نەچچە سائەتلا كېتىدۇ.

بۇ شىركەت قازاقىستاندىن سېتىۋالغان بۇغدايىنى خام ماتېرىيال قىلىپ، ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايوندا پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىپ، ئاندىن دۆلەت ئىچىدىكى ھەرقايسى جايلارغا ساتىدىكەن، مەھسۇلات بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىكەن.

«نۆۋەتتە، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن سەككىز كەسمە چۆپ ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى بىزنىڭ 1 ـ قارارلىق تۈرىمىز بولۇپ، كۈندىلىك كەسمە چۆپ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 450 توننىغا يېتىدۇ، 2 ـ قارارلىق تۈر جىددىي قۇرۇلۇۋاتىدۇ. ھەممىسى قۇرۇلۇپ پۈتكەندىن كېيىن، شىركەتنىڭ يىللىق ئۇن پىششىقلاش ئىقتىدارى 400 مىڭ توننىغا، كەسمە چۆپ پىششىقلاش ئىقتىدارى 200 مىڭ توننىغا يېتىدۇ» دېدى شىركەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش دىرېكتورى جاۋ لىجيې.

پې لۇپىڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئالاتاۋ شەھىرى «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭدا يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇشنى پۇرسەت بىلىپ، تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ئۇل ئەسلىھەلىرى ۋە يانداش مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتقان، نۆۋەتتە، تۆمۈريول پورت رايونى، تاشيول پورت رايونى، چېگرا ئاھالىسى چېگرا بازىرى رايونى، سودا رايونى، ئامباردا ساقلاش رايونى، ئۇنىۋېرسال باجدىن خالىي رايون قاتارلىق توققۇز چوڭ فۇنكسىيەلىك رايون شەكىللىنىپ، پورت ئىقتىسادى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمى ئۈزلۈكسىز تېزلەشكەن.

ئالدىنقى سەككىز ئايدا، ئالاتاۋنىڭ سودىگەر چاقىرىش مەبلەغ جەلپ قىلىشى بويىچە نەقلەشتۈرگەن مەبلىغى بولتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 80.4% ئاشقان، پورتنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت يۈك توشۇش مىقدارى بولتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 8.6% ئاشقان، پورتتىن ئۆتكەن جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى بولتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 41% ئاشقان.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پەيزاۋات ناھىيەسى مەملىكەت بويىچە قالپىقى ئېلىۋېتىلمىگەن نامرات ناھىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىلگىرى بۇغداي، قوناق قاتارلىق ئەنئەنىۋى زىرائەتلەرنى تېرىشنى ئاساس قىلاتتى، دېھقانلار كىيىنىش ـ تويۇنۇش مەسىلىسىنىلا ھەل قىلالايتتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش قىيىنلىق دەرىجىسى بىرقەدەر چوڭ ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ جاي تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، شىنمېي ئۆستۈرۈشنى راۋاجلاندۇردى، شىنمېي بارا ـ بارا بۇ جايدىكى ئاھالىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرىدىغان يەنە بىر مەنبەگە ئايلاندى.

پەيزاۋات ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا ئىدارىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى ۋەنزې مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە پۈتۈن ناھىيە بويىچە شىنمېي كۆلىمى 380 مىڭ موغا، مېۋىگە كىرگەن كۆلەم 110 مىڭ موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ بالدۇر ئۆستۈرگەن، مېۋىگە كىرگەن كۆلىمى ئەڭ كۆپ بولغان يېڭىمەھەللە يېزىسى شىنمېي ئۆستۈرۈشكە تايىنىپ يىللىق كىشى بېشى كىرىمىنى 1000 يۈەن ئاشۇردى.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ بۇ يىللىق مېۋە ـ چېۋە، كۆكتات ئومۇمىي ھوسۇلىنىڭ تەخمىنەن 4 مىليون 800 مىڭ توننىغا يېتىشى مۆلچەرلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شەرقىي، ئوتتۇرا قىسىم رايونلارغا سېتىلىدىغىنى 1 مىليون 678 مىڭ توننا ئىكەن.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تەرەققىياتى ئېسىل مەنزىرە رايونلىرى، ئېسىل لىنىيەلەرنىڭ كۈچلۈك تىرەك بولۇشىدىن ئايرىلالمايدۇ. «12 ـ بەش يىل»نىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭدا دۆلەت 5A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونىدىن توققۇزى بار ئىدى. ئېسىل مەنزىرە رايون قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار ئارقىلىق، شىنجاڭ مەنزىرە رايونلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈردى. 2019 ـ يىلى، شىنجاڭ (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا بار بولغان دۆلەت 5A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى 13 بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇردى. دۆلەت 4A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى 90غا يېتىپ، شىنجاڭدىكى دۆلەت 4A دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەنزىرە رايونلىرى 100دىن ئېشىپ كەتتى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭ مەدەنىيەت بىلەن ساياھەتنىڭ يۇغۇرۇلۇشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۆرتكە بولۇپ، پۈتۈن رايون ساياھەت تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «ئۈچ قىيىن بولۇش، بىر راۋان بولماسلىق» قاتارلىق ساياھەت تەرەققىياتىنى چەكلەۋاتقان بوغما ھالەتنى كۈچەپ ھەل قىلدى. «ساياھەت +» چوڭ ئىشىدا قالتىس نەتىجىلەر كەينى ـ كەينىدىن بارلىققا كېلىپ، يېزا ـ كەنت ساياھىتى، قار ـ مۇز ساياھىتى، ئۆزى ئاپتوموبىل ھەيدەش ساياھىتى، پۇقراۋى قونالغۇ قاتارلىقلار تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى.

بۈگۈنكى كۈندە، «شىنجاڭ ياخشى جاي» ساياھەت سۈپەتلىك ماركىسى تېخىمۇ جۇلالاندى، ساياھەتچىلىك تۆرتكىلىك ئىقتىدارى ئەڭ كۈچلۈك، پۇقرالارغا ئەڭ كەڭ دائىرىدە بەخت يارىتىدىغان خەلقنى بېيىتىش كەسپىگە ئايلىنىۋاتىدۇ.

چاڭجېڭ مەھەللىسىنىڭ «ياخشى ئىدارە قىلىش» تەدبىرى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چاڭجېڭ مەھەللىسى تەۋەلىكتىكى شەھەرلىك سۇچىلىق شىركىتى، شەھەرلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى قاتارلىق رايوندا تۇرۇشلۇق سەككىز ئورۇننى رايونلاشقان تەشكىلاتنى ئورتاق قۇرۇشقا جەلپ قىلىپ، تەۋەلىكتىكى ئورۇنلار ۋە مەھەللىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بايلىق ۋە مۇلازىمەت ئېھتىياجىنى دەل جايىدا ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. مەھەللە ياكى رايوندا تۇرۇشلۇق ئورۇنلار ئېھتىياجلىق بولغاندا، مەھەللە پارتىيە باش ياچېيكىسى تىزىملىك قويۇش لايىھەسىنى تۈزدى ھەم ئىش ئورۇنلاشتۇردى، مۇناسىپ بايلىقى بار بولغان رايوندا تۇرۇشلۇق ئەزالار تىزىملىكنى تاپشۇرۇۋېلىپ يولغا قويۇپ، مەھەللە خىزمىتىدە «تىزىملىك»نى يوچۇقسىز جىپسىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

«بۇ خىزمەت مېخانىزمى مەھەللە پارتىيە قۇرۇلۇشى پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ، ‹رايون بويىچە بىرتۇتاش پىلانلاش، بايلىقنى بىرىكتۈرۈش، ئەۋزەللىكلەر ئارقىلىق ئۆزئارا تولۇقلاش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش› ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردى، ئاھالىلەرنىڭ غەم ـ ئەندىشىسى بولسا ھەل قىلغىدىغانلار بولۇش، ئاھالىلەرنىڭ قىيىنچىلىقى بولسا ياردەم بېرىدىغانلار بولۇش ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇلدى» دېدى ۋېي چىڭ.

ئاھالىلەر ئۆزى ئىدارە قىلىشتا ھەممە ئادەم مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىش

چاڭجېڭ مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى جوۋ كېلەن شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتى نېفىت ئېلىش 1 ـ زاۋۇتىنىڭ پارتىيە ئەزاسى بولۇپ، مەھەللىدە ئۇنىڭ «قىزىل ئۇچقۇنلۇق چاڭجېڭ پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى»نىڭ پارتىيەلىك پىدائىيسى دېگەن يەنە بىر سالاھىيىتىمۇ بار. ئۆيدە ئارام ئالسىلا، جوۋ كېلەن دائىم مەھەللىنىڭ تۈرلۈك پىدائىيلار مۇلازىمەت پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. «مەھەللە بىزنىڭ ئائىلىمىز، مەھەللە ئۈچۈن ئازراق ئىش قىلىپ بېرەلىگەنلىكىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن» دېدى جوۋ كېلەن.

جوۋ كېلەن پەقەت چاڭجېڭ مەھەللىسىدىكى نۇرغۇن پىدائىينىڭ بىرى.

مەھەللە مۇلازىمىتىنى ياخشى قىلىپ، مەھەللىنىڭ ئىناق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، چاڭجېڭ مەھەللىسى مەھەللىدىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى بىرىكتۈرۈپ، ئاھالىلەرنىڭ ئۆزى ئىدارە قىلىش كۈچىنى ئاساس، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى ئەۋەتكەن ئورۇنلارنى ئارقا تىرەك، «قىزىل ھۇجەيرە» پارتىيە ئەزالىرى قاتارلىق پىدائىيلار مۇلازىمەت كۈچلىرىنى تولۇقلىما قىلغان «قىزىل ئۇچقۇنلۇق چاڭجېڭ» «قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك تىنچ ـ ئامان چاڭجېڭ» «يېشىل ساغلام چاڭجېڭ» «ئالتۇن رەڭلىك كۆز قاماشتۇرىدىغان چاڭجېڭ» «كۆك رەڭلىك ئىللىق چاڭجېڭ»دىن ئىبارەت بەش پىدائىيلار مۇلازىمەت قوشۇنىنى قۇرۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مەھەللىدىكى قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا ياردەم بېرىش، يۆلەش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولدى.

جيا خۇڭشيا چاڭجېڭ مەھەللىسى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇنداقلا «قىزىل ئۇچقۇنلۇق چاڭجېڭ پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى» ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى. ئۇ مۇنداق تونۇشتۇردى: مەھەللىدىكى پارتىيە ئەزالىرى بىلەن مۇلازىمەتكە ئېھتىياجلىق ئائىلىلەرنىڭ نىسبىتى 10:7كە يېتىدىغان بولۇپ، ھەممە كىشى مەسئۇل بولىدىغان، ھەممە كىشى مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىدىغان، ھەممە كىشى بەھرىلىنىدىغان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئورتاق گەۋدىسىنى شەكىللەندۈردۇق.

«بىز مەھەللە چاقىرغان ھامان پارتىيە ئەزالىرى دەرھال ئىش ئورنىغا بېرىپ مۇلازىمەت قىلىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇردۇق، ئاممىمۇ ئىنتايىن رازى بولدى» دېدى جيا خۇڭشيا.

قىزىل مەدەنىيەتنى ئەۋج ئالدۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش

9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، چاڭجېڭ مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى شىن جيەنپىڭ بىر كۈنلۈك ئالدىراش خىزمىتىنى تاماملىغاندىن كېيىن، يەنە «ئالتۇن رەڭلىك كۆز قاماشتۇرىدىغان چاڭجېڭ پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى» ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى سالاھىيىتى بىلەن، يەنە بىر چوڭ ئىش — مەھەللىدىكى ياشانغانلارنىڭ ئالتۇن توينى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

شىن جيەنپىڭ مۇنداق دېدى: مەھەللىدىكى ئالتۇن تويى بولىدىغان ھەر مىللەت ياشانغانلار يېڭى جۇڭگونىڭ تۇنجى ئەۋلاد نېفىت ئىشچىلىرى بولۇپ، نېفىت سانائىتى ئۇزۇن سەپىرىدىكى تۆھپىكارلاردۇر. ئۇلار ئۈچۈن ئالتۇن توينى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ھەم ئۇلارنىڭ 50 يىللىق ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىگە بولغان گۈزەل خاتىرىلەشتۇر، تېخىمۇ مۇھىمى، مەھەللە ئاھالىلىرى ئارىسىدا ئەۋلادمۇئەۋلاد نېفىتچىلارنىڭ جان تىكىپ كۈرەش قىلىپ تۆھپە قوشۇش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ئۇرۇقىنى چېچىشتۇر.

چاڭجېڭ مەھەللىسى بەش پىدائىيلار مۇلازىمەت قوشۇنىغا تايىنىپ «پارتىيە قۇرۇلۇشى + مەدەنىيەت»نى ئورتاق بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى يولغا قويۇپ، «كەسپىي تايانچلار پىدائىيلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تۆت پەسىللىك خاس باش تېما مەدەنىيەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، مەھەللىدە بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە مەدەنىيەت پائالىيىتى سەرخىل ئويۇنلىرىنى ئۈزۈلدۈرمىدى: ئەتىيازدا پىيادە كۆكلەم سەيلىسى قىلىش، «1 ـ ماي» باغ سەيلىسى قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەر؛ يازدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە سالقىنداش كېچىلىكى، شادلىق سەھنىسى قاتارلىق پائالىيەتلەر؛ كۈزدە «دۆلەت بايرىمى» يۈرۈشلۈك مەدەنىيىتى، ئەنئەنىۋى كىلاسسىك ئەسەرلەرنى دېكلاماتسىيە قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەر؛ قىشتا چاغانلىق بىرلەشمە دوستلۇق يىغىنى، چاغانلىق يەتتە كۈنلۈك شادلىق كېچىلىكى ئۆتكۈزدى...

چاڭجېڭ مەھەللىسىدىكى تۆت پەسىللىك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ باش تېمىسى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ، ئۇ بولسىمۇ جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جەمئىيەت ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. شىن جيەنپىڭ مۇنداق دېدى: «باش تېمىسى روشەن بولغان تۈرلۈك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى خۇددى باھار يامغۇرىدەك ئاھالىلەرنىڭ قەلب ئېتىزىنى سۇغاردى، مەھەللىدىكى ئاھالىلەرنىڭ بەخت كۆرسەتكۈچىنى ئۆستۈردى».

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)